# كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىدا «باھارنىڭ ھېكايىسى» ياڭرىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى باش شۇجىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. باش شۇجى كۆپچىلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ سەممىي پاراڭلاشتى، ئۇلارنىڭ ئەنچىدىكى بىرنەچچەيلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلىرىدىن بولۇپ، شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئىكەن، باش شۇجى مۇنداق دېدى: «ناھايىتى ياخشى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يەردە زور نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ».

...

بىڭتۇەننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش، مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىڭتۇەن ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۇقىرى ساپالىق بىڭتۇەن قوشۇنى بەرپا قىلىش كېرەك... باش شۇجى بىڭتۇەننىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىڭتۇەننى ھەقىقىي تۈردە چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى چوڭ پېچ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئۈلگە كۆرستىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بىڭتۇەن پارتكومى 6 ـ شىنىڭ ۋۇجياچۇ شەھرىدە تۇەن ـ چاڭلار ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتىنى پۈتۈن شى بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى بېكىتتى، ھالبۇكى كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى 2 ـ لىيەنى تۇەن ـ چاڭلار ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

2017 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى 2 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، لىيەندۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقتى، بۇ، تۇەن ـ چاڭلار ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتىنىڭ ماھىيەتلىك مەشغۇلات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يىغىندا، لىيەندۇي ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان لىيەندۇي قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پائال سوئال سورىدى، ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، ئېنىقسىز مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ يىغىن تەنتەنىلىك ھالدا قىزغىن ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىسلاھات لىيەندۇينىڭ «ئىككى كومىتېت» سايلىمىغا دائىر مەسىلىلەرنى يېشىش بىلەن باشلاندى، «ئۆمۈرلۈك تۈزۈم» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «تۆمۈر تاۋاق» چېقىپ تاشلاندى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ لىيەندۇي «ئىككى كومىتېت» بەنزىسىدىكى يېڭىدىن سايلانغان 37 ئەزانىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 37.3 ياش بولۇپ، سايلام ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ياش تۆۋەنلىدى.

«بۇ، بىر مەيدان تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش شەكلىدىكى ئۆزگىرىش.» بىڭتۇەن 6 ـ شىسى كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي بېيەن لىجۈەن مۇشۇنداق تەسۋىرلىدى.

دۆلەت ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ گۇۋاھنامە بېرىش، تۇەن ـ چاڭلاردىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشتات ۋە ئىش ئورنىنى بېكىتىش، شى تۇەنلەردە مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىشنى تاماملاش... بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، ھاياتىي كۈچكە تولغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى.

【مۇخبىرنىڭ تەسىراتى】 مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى؛ ئالدىن يولغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلىشنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزدى. ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھاياتىي كۈچ قوشتى، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى ئىسلاھات دولقۇنىدا مەزمۇت قەدەم تاشلىدى.

## ■ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈلدى

【تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى】 كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىغا جايلاشقان شىنجاڭ يىنفېڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈسكۈنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى(تۆۋەندە قىسقارتىپ «شىنجاڭ يىنفېڭ» دېيىلىدۇ)نىڭ تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش لاپىسى ئىچىدە نەچچە ئون چوڭ تىپتىكى سېپتا ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى رەتلىك تىزىلغانىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىۋاتاتتى.

بەش يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ شىركەتكە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ 93%كە يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتى 99.8%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇردى.

باش شۇجى تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، بۇ شىركەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئاپتوماتىك پاختا يىغىش ماشىنىسى سېتىۋالدى، ھازىر ئاپتوماتىك پاختا يىغىش ماشىنىسىدىن 121ى بار.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ يىنفېڭ ۋەكىللىكىدىكى كارخانىلار كۆزلۈك يەر ئاغدۇرۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۈچقۇچىسىز ئايروپىلان ئۇسۇللۇق ئاسراش مەشغۇلاتى قاتارلىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى يېتەكچى قىلغان تۆجۈپىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى تۇەن ـ چاڭلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىۋاتىدۇ.

تۇەن ـ چاڭلار ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچلۇق نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، تۇەن ـ چاڭلارنىڭ كارخانا قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتى بىكار قىلىندى، بارلىق تۇەن باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى تۈرلەر بويىچە، 6 ـ شى ۋۇجياچۇ شەھەرلىك دۆلەت مۈلكى شىركىتى ياكى ئالاقىدار گۇرۇھلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن مۈلۈك، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش ئۈزۈل ـ كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كارخانىلار كۆڭۈل قويۇپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى.

«ئىسلاھاتتىن كېيىن، بازار سىياسىتى قويۇۋېتىلدى، شىركەتنىڭ پاختا يىغىش كەسپى ھەرقايسى شى، تۇەن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭەيتىلدى، مەشغۇلات مۇددىتى 20 كۈندىن ئىككى ئايغا ئۇزارتىلىپ، ئۈنۈمى مۇقىم ئاشۇرۇلدى.» شىنجاڭ يىنفېڭ شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى كې جېجېڭ مۇخبىرغا ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى.

«بىڭتۇەن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بۈگۈنگە قەدەر دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتمەكتە.

بەش يىلدىن بۇيان، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، دەل جايىدا تېرىش، تۆجۈپىلەپ پىششىقلاشنى ھەممىدىن بۇرۇن 100% ئىشقا ئاشۇردى.

بەش يىلدىن بۇيان، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا ئۈلگە كۆرستىش بازىسى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش بازىسى ۋە زامانىۋى يېزا ئىگىلىك بويىچە ئۈلگە كۆرستىش بازىسى قۇرۇشنى تېزلەتتى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز تەرەققىياتىنى ساقلىدى.

【مۇخبىرنىڭ تەسىراتى】 باش شۇجى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، بوشلۇق قىلىش كېرەك، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىدىكى بىر ئىخچام كۆرۈنۈش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش قويۇپ بەرگەن پايدا بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ ئىجادىيەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلانماقتا.

## ■ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى بارغانسېرى ئۆستى

【تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى】 بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش دولقۇنىدا، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقى كىرىمنىڭ كۆپىيىشى بولۇپلا قالماي، يەنە مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشىدۇر.

«باش شۇجى بىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمىزغا كەلگەن شۇ يىلى، ئائىلەمنىڭ يىللىق كىرىمى ئاران 30 ـ 20 مىڭ يۈەن ئىدى، ھازىر 90 ـ 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.» كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانى 4 ـ لىيەننىڭ ئىشچىسى شۇ ۋەنشيۇ ئۆزىنىڭ ئېتىزىغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلە كىرىمى خېلىلا كۆپەيدى.

يەر يەنىلا ئاشۇ يەر، تۈزۈلمە ئۆزگەردى، يەردىن چىققان مەھسۇلات ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يەر تېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، يەر تېرىساق ھېچقانچە ھەق تاپشۇرمايدىغان بولدۇق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يەرنى ياخشى تېرىسىلا بولىدىغان بولدى.» شۇ ۋەنشيۇ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر يەر ھوقۇق تەۋەلىكى بېكىتىلىپ گۇۋاھنامە بېرىلگەندىن كېيىن، ماڭا 50 مو سالاھىيەت يېرى تەقسىم قىلىندى، مەن يەنە 100 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدىم، ئۇرۇقلۇق، دېھقانچىلىق دورىسىنى ئۆز ئالدىمغا سېتىۋالىمەن، ھەر مو يەرنىڭ تەننەرخى 200 يۈەنگە يېقىن ئازايدى، شۇنداق قىلىپ پۇل تېجىگىلىمۇ، پۇل تاپقىلىمۇ بولىدىغان بولدى».

ئالدىراش تېرىقچىلىق ئارىلىقىدا، شۇ ۋەنشيۇ خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «لىيەندۇي يەنە ھۆددىگە ئالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرمەدى ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلاشمىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر نېمە تېرىماقچى بولسا شۇنى تېرىدى، پۈتۈنلەي بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى، ئىختىيارلىق دەرىجىسى ئۆستى».

بەش يىلدىن بۇيان، كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يولى، يول چىرىغى، تۇرۇبا سۈيى تورى، ئېلېكتر تورى قاتارلىق يۈرۈشلۈك ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ، ئۆزگەرتىلىپ، «قىياپىتى» ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىنىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

بېيەن لىجۈەن مۇنداق دېدى: دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ نوپۇسى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى 6000دىن ئارتۇق ئادەمدىن ھازىرقى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە كۆپەيدى، شەھەر ـ بازارلىشىش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى 78.2%تىن ھازىرقى 90.1%كە ئۆستى.

باش شۇجى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ، بىڭتۇەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تېزلەتمەكتە، يول ماڭغانسېرى كېڭەيمەكتە.

【مۇخبىرنىڭ تەسىراتى】 ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمى چوڭ ئېلىنىپ، رەڭدار باھار مەنزىرىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. كومسومول دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىسلاھاتى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈردى.

# دەۋر مەسئۇلىيىتىنى زىممىمىزگە ئېلىپ، باتۇرانە، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم بىرونېۋك تۈەنى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دۇ شىجۇ مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تەلىمى بىز ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىگە يېڭى دەۋردە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بىز باتۇرلۇق بىلەن دەۋر دولقۇنلىرىدا مەزمۇت تۇرۇپ، تىرىشىپ دەۋر ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ، جۇڭگو ئارزۇسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى دىراما ئۆمىكىنىڭ ياش سېنارىستى ۋېي زىيى مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى سىجىل ئالغا سىلجىتىلماقتا، ياش ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى مىسلىسىز يېڭى پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە. پۇرسەت ئالدىدا، بىز جەزمەن باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇشىمىز كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان ئىجادىيەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلقنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلەپ، قەلبىمىز، مېھرىمىز، زېھنىمىز بىلەن خەلقنى يېزىشىمىز، خەلقنى مەدھىيىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى خەلق ئۈچۈن ھەققىي مۇلازىمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

«مىللەتنى گۈللەندۈرۈش بۇرچىنى كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، كىشىلىك ھايات غايىسىنىڭ يەلكىنىنى كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك.» قاغىلىق ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياش ئىنتىپاق ئەزاسى مېھرىگۈل ماموت مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ ھەربىر سۆز ـ جۈملىسىگە يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىغا بولغان كۈيۈنۈش ۋە غەمخورلۇق مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، كىشىگە ئىلھام بېرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. بىز چوقۇم 4 ـ ماي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك يېتىلىپ، ياشلىق باھارىمىز ۋە قان ـ تەرىمىز ئارقىلىق دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك».

«باش شۇجى: يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى باتۇرانە، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك، دېدى. باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىمىزنى ئۇرغۇتتى.» قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوپان يېزىسى ئوراڭ كەنتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قەلبىنۇر ئەمەر مۇنداق دېدى: ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنۇتماي، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەريانىدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا يېتەكلەيمەن.

## ■ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز

«رەئىس شى جىنپىڭ: ياشلىق ماھارەتنى جاپالىق مەشىق قىلدىغان، قابىلىيەتنى ئۆستۈرىدىغان ئالتۇن مەزگىل، دېدى. بىز چوقۇم رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قارلىق ئېگىزلىكتە تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.» شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم شىسى «شىزاڭغا كىرىشتىكى قەھرىمانلار ئالدىن ئەۋەتىلگەن لىيەن»نىڭ جىداۋيۈەنى جېڭ كەيگى مۇنداق دېدى: لىيەندۇيدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى ۋارىسلىق قىلىپ، خىزمەت جەريانىدا قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىسىدە، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، سادىقلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى جاۋ شۆيۈ مۇنداق دېدى: ياش ئەۋلاد بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆز ئارزۇيۇمنى دەۋر ئېقىمىغا سىڭدۈرۈپ، جۇشقۇن ياشلىق باھارىمدا دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ماس قەدەم شەكىللەندۈرىمەن. بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ياشلىق باھارىمىزنى قەدىرلەپ، ياشلىق باھارىمىزنى بەھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىپايان تۇپراقىدا، لاي ـ توپا كېچىپ، ئەلرايىغا قۇلاق سېلىپ، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي مۇلازىمەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئامما بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشىمىز كېرەك.

«باش شۇجى: بۈگۈنكى دەۋردە، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى ئۈزلۈكسىز تېزلىشىۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كۈنسېرى ئىنچىكىلىشىۋاتىدۇ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالىتى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋۇجۇدقا چىقىۋاتىدۇ، دېدى. بۇ ھەم ياشلارنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىش، خىسلىتىنى بەسلىشىپ كۆرستىشنى كەڭ سەھنە بىلەن تەمىنلىدى، ھەم ياشلارنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى.» ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر تېبابىتى شۆيۈەنى ئۇيغۇر تېببىي دورىگەرلىكى تەجرىبە مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇم ھېكىم مۇنداق دېدى: «ياش زىيالىي بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىچكى ساپايىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەتنى تاۋلاپ، تەپەككۇرىمىز ـ نەزەر دائىرىمىز، ئىدىيەمىز ـ قارىشىمىز، تونۇشىمىز ـ سەۋىيەمىزنى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان دەۋر تەرەققىياتىغا يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك».

«باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇپ، بارلىق قىيىنچىلىق، خەتەرلىك توسالغۇلارغا قەتئىي قورقماي يۈزلىنىپ، دولقۇن يېرىپ ئېلىشىش داۋامىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش داۋامىدا زېمىن ئېچىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش داۋامىدا نەتىجە يارىتىپ، ياشلىق باھارى ۋە تەرى بىلەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىشى كېرەك!» كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسى پاشى كەنتى كەنت ئائىلە كومىتېتىدا پىراكتىكا قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇمەرگۈل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر شىنجاڭ تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ياخشى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەن 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزىمەن، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن داۋاملىق كەنتتە قېلىپ ئىشلەپ، ئۆگەنگەن يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكىلار ئارقىلىق كەنت ئائىلىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى خالايمەن».

## ■ ئۆزىمىزنى تەربىيەلەپ، ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، ئەخلاق ئاساسىنى پۇختىلايمىز

سانجى شۆيۈەنى باشلانغۇچ مائارىپ شۆيۈەنى تولۇق كۇرس 1501 ـ سىنىپتىكى لىيۇ لۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: ئەخلاق بولمىسا ئادەم روناق تاپمايدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسى. مەن ئوقۇغۇچى كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، توغرا ئەخلاق تونۇشى، ئاڭلىق ئەخلاق ئادىتى، ئاكتىپ ئەخلاق ئەمەلىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزۈمنى ئۈزلۈكسىز تەربىيەلەپ، ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، ئەخلاق ئاساسىمنى پۇختىلاپ، كىشىلىك ھايات يولىدا تېخىمۇ دۇرۇس بولۇپ، تېخىمۇ يىراققا ماڭىمەن. بىز يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان تېپىلغۇسىز كىشىلىك ھايات پۇرسىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن ياشلىق باھارىم ئارقىلىق گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچۈمنى بېغىشلايمەن.

«ئەمگەكچان، باتۇر، ۋەتەنپەرۋەر بولۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىدىن ئۆزلۈكى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، پارتىيە ۋە دۆلەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، جەمئىيەت ۋە خەلققە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.» بەش يىل ئىلگىرى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ماشىنىلاشقان پىيادىلەر تۇەننىڭ جەڭچىسى مەنسۇر دالىدا تۇرۇشلۇق مەشىق ئورنىدا «چېدىر دەرسخانىسى» لېكسىيە مۇنبىرىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇش ئالدىدا، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇماسلىقتەك مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ھەربىي تەلىم ئېلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى خۇڭمياۋزى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجۇ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پۇ جىڭ مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان ياش كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆز ئىش ئورنىمىزدا ئۈزلۈكسىز جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، پۇختا، جاپالىق ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ ئۈمىدى، ئاممىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز، بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك.

(مۇخبىرلىرىمىز **ما جيەنلۇڭ، خەن چىنيەن، جاڭ يىڭچۈن، لى لى، جيا چۈنشيا، مېھرىگۈل ناسىر، جاۋ چۈنخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **جاڭ لۈپىڭ، چېن مىڭ، جيې فېي، لو لياڭ، پاڭ شۇاڭشۇاڭ، جۇۋ زەيچېڭ** يازغان)